# ئانا بولماق تەس

## (شېئىرلار توپلىمى)

سەرۋەر مۇھەممەت سايرامى

يانغىن ئېلكىتابلىرى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

# 1

# ئانا بولماق تەس

بىلدىمكى ھەم دادا، ئانا بولماق تەس،
ھاتەمدەك كۆكسى كەڭ ئىنسان بولماق تەس.
ئانىلىق بۇرچىدا كۆكلەيدۇ ئالەم،
كۆكلەتمەي ئالەمنى ئانا بولماق تەس.

پەرزەنتكە تاتلىقى ئانا دىگەن نام،
ئاتىغا، ئانىغا پەرزەنت بال ـ قىيام.
پەرزەنتسىز يورىماس دىلخانەڭدە شام،
يۈرەكتە مىڭ ئارمان، ئانا بولماق تەس.

ئانىنى سۆيمىگەن، ئۆزىنى سۆيەلمەس،
ئانىسىز بۇ دۇنيا كۆكرەك كېرەلمەس،
ئانىنىڭ مېھرىسىز راھەت تۆرەلمەس،
ياشىماق بەك ئاسان، ئانا بولماق تەس.

ئانىنى ئۇلۇغلار ئانا بولغانلار،

پەرزەنتلەر ئىشقىدا كۆيۈپ ـ يانغانلار.
ئازمىدى ئانا يوق داغدا قالغانلار؟
ئانىدا كۆپ ھىجران، ئانا بولماق تەس.

**2**

## تۆنجى ئوت

ئۆچىدىكەن يانغان نى ئوتلار،
ئۆچمەيدىكەن ئەمما تۆنجى ئوت.
ئۇنتالمىدىم، سېغىندىم سېنى،
ئەل ئۇنتىدى، يار سەنمۇ ئۇنۇت.

كىرىۋەرمە كۈندە چۈشۈمگە،
سېنىڭسىزمۇ يۈرەك سەكپارە.
سېنى ئەسلەپ ئۆتمەكتە كۈنلەر،
ھەسرەت چەكمەي ماڭا نە چارە.

تىلىگەنگە تىلەك يوق ئىكەن،
بولۇر قاچان سۆيگۈ بىپايان.
كېچە ـ كۈندۈز ماڭا بەربىر،

سەن ياشايسەن قەلبىمدا هامان.

3

## يوقالمىسۇن بىر ئۆمۈر چېھرىڭدىكى قىزىللىق

دېھقىنىم مەرت، كۆكسى كەڭ دەيدۇ سېنى بىلگەنلەر،
ئەسلى هېكمەت دېھقاننىڭ ئاققان تەرى تەكتىدە.
نامى مەشھۇر يۈرەكتە سەندەك ئېسىل بىر زاتنىڭ،
پىشىدىكەن بۇغدايمۇ يۈرىكىڭنىڭ تەپتىدە.

تەرىپىڭنى كۆيلەشكە ئەمما ئاجىز قەلىمىم،
«ئۈنچىمىدۇ» ئاققىنى پىشانەڭدىن دېھقىنىم.
ئالقىش ياغار شەنىڭگە،سۈلتانى سەن پاكلىقنىڭ،
رەھمىتى مىڭ سەن بەرگەن بوردا ناننىڭ دېھقىنىم.

ئېتىز ـ ئېرىق، كەتمىنىڭ كۈندە مۇڭداش سەن بىلەن،
هېچ قانمىدىڭ ئېتىزغا تۆلىسەڭمۇ كۆپ بەدەل.
بىر تال داننى قەدىرلەپ هېممەت بەردىڭ مىڭ جانغا،
بوران ـ چاپقۇن جۇدۇنمۇ غەيرىتىڭگە بولدى ئەل.

قايىل بولدۇم شۇ قەدەر قاشتىشىدەك قەلبىڭگە،
سەن ئالمىساڭ ھوسۇلنى يۇرەلەمتۇق كۆڭۈل توق.
يوقالمىسۇن بىر ئۆمۈر چېھرىڭدىكى قىزىللىق،
ئەۋزەل ھەتتا باھاردىن سېنىڭدىكى ئۇلۇغلۇق.

**4**

## ھەمدەم ساڭا ئەل ـ ئاۋام

ئەلنى دىلدىن سۆيسەڭلا بولار ھەمدەم ئەل ـ ئاۋام،
گەر چاڭقىساڭ چۆللەردە بولار زەمزەم ئەل ـ ئاۋام.
مۇسبەتتە، تويلاردا قالسا ئىشلىرىڭ ئاقساپ،
ھەمراھ بولۇپ يېنىڭدا قىلار ياردەم ئەل ـ ئاۋام.

تۇرمۇش يولى مۇرەككەپ، سىناقلىرى شۇنچە كۆپ،
تېڭىرقىساڭ سەپەردە كۆرستەر پەم ئەل ـ ئاۋام.
يوقسۇزلىقنىڭ دەردىدە تارتىپ قالساڭ دەرت ـ ئەلەم،
قىلىپ كۆپلەپ ساخاۋەت بولار ھاتەم ئەل ـ ئاۋام.

قىسقىغىنە ھاياتتا ئازمايمەن دەپ ئويلىما،

كۆرستىشكە توغرا يول تەييار ھەردەم ئەل _ ئاۋام.
رەقبلەردىن يۇرىكىڭ ئىشتىسە گەر تىل ـ دەشنام،
ساقايماس شۇ ياراڭغا بولار مەلھەم ئەل ـ ئاۋام.

## 5

## ھايات دېگەن

يارالسام، يارىلاتتىم يارالمىدىم،
بار دىگەن جايىڭغا دەل بارالمىدىم.
تاڭ نۇرى بولۇپ تەكشى تارالمىدىم،
بىلەلمىدىم شۇمىكىن يا ھايات دىگەن.

قىزى تۇرۇپ مەن ئانامدەك بولالمىدىم،
ئوغلىمۇ بولۇپ جان ئاتامدەك بولالمىدىم.
تەغدىر تولدى، مەن ئەقلىمگە تولالمىدىم،
بىلەلمىدىم شۇمىكىن يا ھايات دىگەن،

ئۆزگىدىن قېلىشمايتتىم تىرىكلىكتە،
ساقلىدىم يۇمشاق جاننى يىرىكلىكتە.
چۆلدە مەن، ئەمەس ئۆمرۈم ئۇرۇكلۈكتە،

بىلمىدىم شۇمكىن يا ھايات دىگەن.

چىكىدە ئىككى گۈلۈك كۆردۈڭمۇ سەن،
مەن كۆيدۈم، مەن كۆيگەندەك كۆيدۈڭمۇ سەن.
سېنى كۆپ سېغىندىمغۇ بىلدىڭمۇ سەن،
بىلمىدىم شۇمكىيا ھايات دېگەن.

مەن بۇندا يارقىن گۈزەل، سەن ئۇياقتا،
ئىككى دۇنيا يورىغى بىر چىراقتا.
سېنى دەپ ئۆلسەم رازى دەرت ـ پىراقتا،
بىلمىدىم شۇمكىن ـ يا ھايات دېگەن.

**6**

## پەخەس بول

يېمەي دېسەڭ ئارتۇق غەم، نادانلاردىن پەخەس بول،
ئەجىر قىلماي كۆز بوياپ ئالغانلاردىن پەخەس بول.
ھايات يولى تۈز ئەمەس سىناقلارغا باش ئەگمە،
يوللىرىڭغا ئورىلار قازغانلاردىن پەخەس بول.

ئالتە كۆنلۈك ئالەمدە بېشىڭغا كۆن كەلگەندە،
چىن دوستلىقتىن يۈز ئۆرۈپ تانغانلاردىن پەخەس بول.
ئەل بەختىچۈن سەپەرگە ئات سالماقتىن قۇت ئىش يوق،
قىتىلالماي سەپلەرگە قالغانلاردىن پەخەس بول.

شېرىن - شېكەر سۆز بىلەن ھەقىقەتتىن ئازدۇرغان،
ۋىجدانى يوق ئالدامچى،سۆيقەنچىدىن پەخەس بول.
قۇچىقىڭنى كەڭ ئېچىپ سۆيۈندۇرسەڭ يوقسۇزنى،
گەپ - سۆز تېپىپ ئارقاڭدىن ماڭغانلاردىن پەخەس بول.

تۆھپەڭگە خاس ھىممىتى، رىغبىتى بار جاھان بۇ،
ئىجادىڭدىن، تۆھپەڭدىن تانغانلاردىن پەخەس بول

**7**

## قىزلارغا تىلەك

كۆزۈڭ بولسۇن نۇر چاقنىغان چولپاندەك،
قەلبىڭ بولسۇن تاغ سۈيىدەك بىغۇبار.

سەبىيلەرگە جان بەرگەن شۇ زەمزەمدەك،
جىسمىڭلارمۇ چاچسۇن ئەتىر ـ خۇش ئىپار.

نۇرۇگۇمنىڭ قەلبى بولسۇن قەلبىڭدە،
ئەدەب ـ ئەخلاق ئۈنۈپ چىقسۇن ئىزىڭدىن.
ئالەم گۈزەل ئىناق بولسا ئائىلەڭ،
تاڭ ۋىسالى تېمىپ تۇرسۇن روھىڭدىن.

بەلكىم چۇشتۇر بۇ كۆنلەرنى ئۆتكۈزۈش،
نىمە كۆنلەر كەلمەس ئىزىز باشلارغا.
يادىمدىدۇر هازىرمۇ شۇ رىزۋانگۈل،
رىزۋان روهى يول بەرمەس كۆز ياشلارغا.

ئىلىم هېكمەت،ئەخلاق ـ قىزلار زىننىتى،
بىخلار كۆكلەپ گۈلستانغا ئايلانسۇن.
ئىناق هايات ئازغۇنلۇقتىن يىراق بوپ،
شوخ كۆلكىلەر يېڭىباشتىن يارالسۇن.

پاك قىزلارغا تىلىكىم شۇ يالقۇنلۇق
مەنزىل گاهىڭ ئېنىق بولسۇن، داغدام يول.
هايات يولى ئىنسان بىلەن گۈزەلدۇر.

گۈزەللىككە ئىنتىل سەنمۇ، ساغلام بول

**8**

## ئۆزگىچىكەن ئانا يۇرت مېھرى

هاياجانغا تولۇپ قەلبلەر،
نويابىردا چىقتۇق سەپەرگە.
ئۆزگىچىكەن ئانا يۇرت مېھرى،
ئەسلىمەڭگە كەشتە چېكەرگە.

يوللار بويى يەتمىدى هاردۇق،
لاۋۇلدىغاچ يۈرەكتە ئىستەك.
ئۆچمەس ئىز بولۇپ قالدى دىللاردا،
ئارزۇلارغا تويۇنغان چېچەك.

سالام قەشقەر قولۇم كۆكسۈمدە،
قويدۇم ئوتلۇق باغرىڭغا قەدەم.
قەشقەر، ئاتۇش سېغىنىشلىرى،
سالىمىمغا بولدى مۇجەسسەم.

ئارتۇق ئىكەن ئاڭلىغىنىمدىن،
سەندە مۇراد تاپقان قىياپەت.
ئىلهاملىرىم تاشتى كۆۋەجەپ،
قەدىم يۇرتنى قىلىپ زىيارەت.

قەبرىسىنى مەھمۇد، بۇغرانىڭ،
قىلدىم تاۋاپ ئىخلاسىم بىلەن.
سۇنۇپ زەمزەم ئەۋلىيا بۇلاق،
ئانا يۇرتنى قىپتۇ گۈل چىمەن.

ھەر بىر يۇرتتا تەسىراتلىرىم،
ئايلاندى چىن يارقىن سۈرەتكە.
بولدى مەڭگۈ قۇتلۇق يالداما،
ئىلهام بېرىپ ئۇتلۇق يۈرەككە

يانغىن ئېلكىتابلىرى

# ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

**ئېلكىتاب ئىشلەشكە قاتناشقۇچىلار: يانغىن ، *oqugin***

**www.yanghin.cn** **www.yanghin.net**

**admin@yanghin.net** **kitab@yanghin.net**